**3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى**

**تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى**

# شى جىنپىڭ باڭلادىش زۇڭتۇڭى خامىد بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقىگە ئەمەلىي بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كەلدى. يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو ـ باڭلادىش ئىككى دۆلەت جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇپ، جۇڭگو ـ باڭلادىش دوستلۇقىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتتى. مەن جۇڭگو ـ باڭلادىش مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، زۇڭتۇڭ خامىد بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئۇدۇللىشىشىنى كۈچەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو ـ باڭلادىش ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشنى خالايمەن.

خامىد تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باڭلادىش ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى كۈنسايىن يېڭىلىنىپ، ھازىر ئاچقۇچلۇق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى قاپلىدى، باڭلادىش بۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. جۇڭگو باڭلادىشنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات جەريانىدا سىجىل قوللاش بىلەن تەمىنلىدى، مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ مىننەتدار. ئىشىنىمەنكى، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋەت كەلگۈسىدە ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىدۇ.

شۇ كۈنى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ باڭلادىش زۇڭلىسى خاسىنا بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. لى كېچياڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپ باڭلادىش تەرەپ بىلەن ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو ـ باڭلادىش ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى خالايدۇ. خاسىنا تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق باڭلادىش ـ جۇڭگو ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. باڭلادىش ـ جۇڭگو ھەمكارلىقى يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، ئۆز رايونلىرى ھەتتا پۈتۈن يەرشارنىڭ تىنچلىقى، خەۋپسىزلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بەردى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چوڭقۇر ھېسسىياتى ئىپادىلەندى. قەشقەر شەھىرى «قۇتلۇق كۈن، ئايدىڭ كېچە ــ مۇھەببەتكە تولغان جۇڭچيۇ» باغ سەيلىسى پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، شەھەر ئاھالىلىرى پانۇس تاماشاسى قىلىش، تېپىشماق تېپىش، ئاي تاماشاسى قىلىپ بەخت تىلەش جەريانىدا، ۋەتەننىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا، دۆلەتنىڭ تىنچ ـ ئامان، خەلقنىڭ خاتىرجەم بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

خۇشاللىققا تولغان كاتتا بايرامدا ئىتتىپاقلىق ھەققىدە ئورتاق سۆزلەندى. چۆچەك شەھىرىنىڭ دۆبېك كوچىسى خۇڭتۇ مەھەللىسى «دۆلەت بايرىملىق چۆپ يېيىش ــ تىنچ ـ ئامان دۆلەت، خاتىرجەم خەلق» پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، «مېھرىبان ئانا» ئايشە سىماق ھەرىكىتى قولايسىز قوشنىسىغا چۆپ ۋە ئانار قاتارلىقلارنى يەتكۈزۈپ بەردى. كۈنەس ناھىيەسى «نان بىلەن يۆبىڭنىڭ ئۇچرىشىشى» پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، ساياھەتچى يەن مېي مۇنداق دېدى: «ئەتكەنچاي ئىچتۇق، نان ۋە يۆبىڭ يېدۇق، بۇ قېتىمقى جۇڭچيۇ بايرىمى شىنجاڭچە خاسلىققا تولدى».

مەدەنىيەت بىلەن ساياھەت يۇغۇرۇلدى، قىزىقارلىق ئويۇنلار ئۈزۈلمىدى. شوخ پەدىگە چېلىنغان داپ كۆپچىلىكنى جەلپ قىلدى، قويۇق شىنجاڭچە ئۇسلۇبقا ئىگە ئۇسسۇلغا ئەگىشىپ كىشىلەر ئىختىيارسىز ئۇسسۇلغا چۈشتى، «شىنجاڭ نېنى» ۋە «چېڭخۇاسى» ناملىق ناخشىلارنى سەھنە ئاستىدىكىلەر تەڭ ئەگىشىپ ئېيتتى... 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى نان مەدەنىيىتى كەسپلەر باغچىسىدا تاماشىبىنلار مول، رەڭدار ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىدى. گەنسۇ لۇڭنەندىن كەلگەن ساياھەتچى بەن ۋېنبياۋ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل بولۇپلا قالماي، يەنە مەدەنىيەت ماھىيەتلىك مەزمۇنىمۇ چوڭقۇر، قويۇق ئىكەن. بىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شىنجاڭنىڭ مۇشۇنداق قالتىس ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىدىن ھوزۇرلىنالىغانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم، خۇددى بىر ‹كېچىكىپ كەلگەن چاغان› ئۆتكۈزگەندەك بولدۇم!»

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چىرايىدا كۈلكە كۆرۈلسە، قەلبىمدىن تەسۋىرلىگۈسىز ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ۋە بەخت تۇيغۇسى ئۇرغۇپ چىقىدۇ».

ياڭ دوپۇ ئارمىيەدىن چېكىنىپ كەسپ ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىغا كېلىپ خىزمەت قىلىپ، شۇ ئىشلىگىنىچە 19 يىل ئىشلىدى. ئىشقا چۈشكەن تۇنجى كۈندىن باشلاپ، ئۇ ئۆزىنىڭ تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىنىڭ بازار تىجارەت تەرتىپى ۋە يول قاتناش تەرتىپىنى قوغدايدىغان باشقۇرغۇچى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ساياھەتچىلەرگە مۇلازىمەت قىلىدىغان «مۇلازىم» ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارمىدى.

قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش، بازار تىجارەت تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ساياھەتچىلەرنىڭ مەنزىرە تاماشا قىلىش، ئويۇن كۆرۈش نەق مەيدان تەرتىپىنى ياخشى ساقلاش... قانۇن ئىجرا قىلىش جەريانىدا، ياڭ دوپۇ «بەش يۇلتۇزلۇق مۇلازىمەتچى» بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن، «ساياھەت تەكشۈرۈشتە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش مۇلازىمەت دېمەكتۇر، ساياھەت تەكشۈرۈشتە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش كېرەك» دېگەن پىرىنسىپنى پۈتكۈل قانۇن ئىجرا قىلىش جەريانى ۋە ھەربىر ھالقىغا سىڭدۈرۈپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

«ساياھەتچىلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىمەن.» ياڭ دوپۇ سەممىيلىك بىلەن مۇنداق دېدى: «پەقەت ساياھەتچىلەر ئازادە، خۇشال ـ خۇرام، خاتىرجەم ئوينىسىلا، مەنزىرە رايونى شۇندىلا تېخىمۇ ياخشى، ئۇزاققىچە تەرەققىي قىلالايدۇ».

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۆجىزە يارىتىش جاسارەت ۋە ئەقىل ـ پاراسەتكە موھتاج. تىرىشقانلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ دېگەندىكى تىرىشچانلىق دەل تىرىشىپ تەپەككۇر قىلىش، تىرىشىپ ئىزدىنىش، تىرىشىپ ئېگىلىك يارىتىشتىن ئىبارەت.

بۈگۈنكى شىنجاڭدا كۈرەش قىلىش سۈپىسى كېڭىيىۋاتىدۇ.

يېڭى بوشلۇق يېڭى پۇرسەت ئېلىپ كەلدى، يېڭى سەھنە يېڭى مۆجىزىلەرنى نامايان قىلدى. ئىزچىل دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇ ئۆيىنىڭ ئىشكى ئالدىدىكى زاۋۇتتا ئىشچى بولدى، ئۇن نەچچە يىل مال باققان ئۇ مەنزىرە رايونىدا پۇقراۋى قونالغۇ ئېچىشقا باشلىدى... تىرىشىش تۇرمۇشنى ئۆزگەرتتى، كۈرەش قىلىش كىشىلىك ھاياتنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈردى. كەڭ تۇپراقتا تۇلپارلار ئۇچقاندەك چاپماقتا؛ گۈزەل ئارزۇلار توختىماي ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. ئېگىز تاغ، ئەزىم دەريالار، چەكسىز قۇملۇق، كەڭ يايلاقلار نەزەر دائىرىنى كېڭەيتتى؛ يېڭى يىپەك يولى، يېڭى سۇپا، يېڭى سەھنە چوڭ ۋەزىيەتنى ياراتتى.

بۈگۈنكى شىنجاڭدا، كۈرەش قىلىش روھى يۈكسىلىۋاتىدۇ.

تىرىشچانلار يەنى باتۇرلار ئىشنى نۆلدىن باشلاشقا جۈرئەت قىلالايدۇ؛ تىرىشچانلار يەنى كۈچلۈكلەر چۆلنى بوستان قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ. ھەربىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخىي ئورنى بولىدۇ، ھەربىر دەۋردىكى كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس رولى ۋە ئورنى بولىدۇ. يېڭى دەۋردىكى كۈرەش قىلغۇچىلاردا «مەن قىلىشنى خالايمەن» «مەن قىلالايمەن» دەيدىغان بۇرۇلۇش بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆزىنى ئۆزگەرتىدىغان، ئۆزىگە جەڭ ئېلان قىلىدىغان مەدەنىيەت ئاڭلىقلىقى بولۇشى كېرەك. جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، تۇسالغۇلارغا قارىماي، ئارزۇ ئۈچۈن مەڭگۈ بوشاشماي ئىزدىنىش كېرەك؛ ھەرقانچە جاپا ـ مۇشەققەت تارتسىمۇ، ئارزۇغا ئىنتىلىشتىن مەڭگۈ پۇشايمان قىلماسلىق كېرەك.

ئىككى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ بىزنى چاقىرماقتا.

شىنجاڭ قانداق قىلىشى كېرەك؟ قانداق قىلغاندا پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ؟ سۇبيېكتلىق رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش كېرەك؟ بۇ، ھەربىر شىنجاڭلىقنىڭ قەلبىگە ئورنىغان «دەۋر سوئالى». ئەمەلىيەتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ بىزگە روھ مەخپىي نومۇرىنى ئېچىپ بەردى ــ توغراق روھى ۋە بىڭتۈەن روھىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، توختىماي ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چېگرادا يىلتىز تارتىپ، ئۆزىنى بېغىشلاش كېرەك. ئېتىزدىكى زىرائەتنىڭ بولۇق ئۆسۈشى تۆجۈپىلەپ تېرىقچىلىق قىلىشقا باغلىق؛ يۇرت ـ ماكاننىڭ گۈزەل بولۇشى تىرىشىپ ئىشلەشكە باغلىق؛ جاھاننىڭ ئاۋات بولۇشى تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا باغلىق.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شەھەرنىڭ ياردىمىدە، ئاپتونوم رايونىمىز «شىنجاڭنىڭ يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى يىرىك پىلانى»دا بېكىتىلگەن ۋەزىپە بويىچە، يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ھەل قىلدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئاتاكا سىگنالىنى ياڭراتقاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز دىققەتنى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يېزىلاردىكى تۇرالغۇسى ئەڭ خەتەرلىك، ئىقتىسادى ئەڭ نامرات دېھقان ئائىلىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» بويىچە تۇرالغۇ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش خىزمەت نىشانىنى چىڭ كۆزلەپ، يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئاساسىي تۇرالغۇ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 675 مىڭ 600 نامرات ئائىلىنىڭ تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسىنى نۇقتىلىق ھەل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلاردىكى 584 مىڭ 900 ئائىلە بار. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ خەتەرلىك ئۆيدە ئولتۇرۇش تارىخىغا ئۈزۈل ـ كېسىل خاتىمە بېرىلىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ تۇرالغۇ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى.

2016 ـ يىلىدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا جەمئىي 1 مىليون 187 مىڭ 700 ئائىلىلىك يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسى يولغا قويۇلۇپ، 5 مىليونغا يېقىن دېھقان ـ چارۋىچى ئامانلىق ئەمىن ئۆيدە ئولتۇرۇشى، ئولتۇراقلىشىشقا باپ كېلىدىغان يەردە ئولتۇرۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، بىخەتەر، ئىشەنچلىك، يېپيېڭى، ئىقتىدارى تولۇق، ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە قاتار ـ قاتار ئەمىن ئۆيلەر تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى 8000 دىن ئارتۇق كەنتتە قەد كۆتۈردى، ھەر مىللەت ئاممىسى ئەمىن ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ، يېڭى تۇرمۇشقا ئاتلاندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2006 ـ يىلى، گوۋۇيۈەن جۇڭگو ـ قازاقىستان قورغاس خەلقئارا چېگرا ھەمكارلىق مەركىزى قۇرۇشقا قوشۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو تەرەپ چېگراسى ئىچىدە، مەركەزگە يېقىن ئورۇندا جۇڭگو تەرەپ ياندىش رايونى قۇرۇپ، ئۇنى بۇ مەركەزنىڭ تەرەققىياتىغا تىرەك بولىدىغان كەسىپ بازىسى قىلدى.

بۇ قېتىمقى بىرىكتۈرۈپ ئەلالاشتۇرۇشتا، قورغاس ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايوننىڭ پىلاندىكى كۆلىمى 3.61 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، جەمئىي ئىككى رايون بۆلەككە ئايرىلغان، رايون ئورنى ئەۋزەللىكى ۋە سىياسەت ئەۋزەللىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، باجدىن خالىي پىششىقلاش، باجدىن خالىي ئەشيا ئوبوروتى، باجدىن خالىي مۇلازىمەت قاتارلىق كەسىپلەر تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ.

قورغاس ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن، داۋاملىق جۇڭگو ـ قازاقىستان قورغاس خەلقئارا چېگرا ھەمكارلىق مەركىزىنىڭ جۇڭگو تەرەپ ياندىش رايونى قىلىنىدۇ ھەم ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونغا ئالاقىدار باج يىغىش ۋە تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قانۇن، قانۇن ـ نىزام ۋە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسەتلەردە ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرىدىن باشقا، چېگرا سىرتىدىكى ماللار رايونغا كىرگەندە باجدىن خالىي بولۇش ياكى باج كەچۈرۈم قىلىشتىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ ماللارنى رايوندىن چىقىرىپ چېگرا ئىچىگە كىرگۈزۈپ رايون سىرتىدا سېتىشتا مال ئىمپورت قىلىشتىكى ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە تاموژنىغا مەلۇم قىلىش رەسمىيىتى بېجىرىلىدۇ ھەم مالنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بويىچە باج ئېلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىپ پىششىقلانغان ماللاردىن شۇنىڭغا ماس ئىمپورت ماتېرىياللىرى بويىچە تاموژنا بېجى ئېلىنىدۇ؛ چېگرا ئىچى رايون سىرتىدىكى ماللار رايون ئىچىگە كىرگۈزۈلگەندە ئېكسپورت سۈپىتىدە قارىلىپ، باج قايتۇرۇش يولغا قويۇلىدۇ؛ رايون ئىچىدىكى كارخانىلار ئارا مال سودىسىدا قوشۇلما قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

«تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن، قورغاس ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى جۇڭگو تەرەپ ياندىش رايونى سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش بىلەن بىللە، ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايوننىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىنى گەۋدىلەشتۈرىدۇ. شۇ چاغدا، بۇ جاي ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سىياسەت ئەۋزەللىكى ئەڭ روشەن بولغان ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونغا ئايلىنىدۇ» دېدى ئۈرۈمچى تاموژنىسى كارخانا باشقۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى جاڭ جۈن.

نۆۋەتتە، شىنجاڭدا ئالاتاۋ پورتى ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى، ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى، قورغاس ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى(جۇڭگو ـ قازاقىستان قورغاس خەلقئارا چېگرا ھەمكارلىق مەركىزى جۇڭگو تەرەپ ياندىش رايونى)، قەشقەر ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى قاتارلىق تۆت ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايون بار.

---

### ئاپتونوم رايون نەق مەيدان ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئاچتى

# يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتىگە قارىتا قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، قايتا ھەيدەكچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ يى** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش نەق مەيدان ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىي يوليورۇقىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى تاماملاشنى باھالاش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتىگە قارىتا قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، قايتا ھەيدەكچىلىك قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: 2018 ـ يىلىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتىنى ئىلمىي پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، سالماقنى زورايتىپ، سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى ۋاقتىدا، سان ـ سۈپەتتە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېزىلاردىكى «ھاجەتخانا ئىنقىلابى»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىش، يېزىلاردىكى تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈزەشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ يېزىلاردىكى تۇرمۇش پاسكىنا سۈيىنى تۈزەشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يېزىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، باھالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كاپالەت سالمىقىنى زورايتىپ، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش تۈرىنى ياخشى قۇرۇش، ياخشى باشقۇرۇش، ياخشى ئىشلىتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا يەنە ھازىرقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەشكە قارىتا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، تەدبىرلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، يىل بېشىدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا بېكىتىلگەن نىشان ـ ۋەزىپىلەرنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملىنىشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىش تەلەپ قىلىندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەسئۇلىيىتىنى سىجىل يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىشنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

لى پېڭشىن ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ سىلۇ جىيايۈەن نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش رايونىغا بېرىپ، نان يېقىش سېخى، كەنت قۇرغان زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ۋە نامرات ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا ئىگىلىدى. بارىن يېزىسىنىڭ قورغان كەنتىدىكى شياڭگۇ ئۆستۈرۈش بازىسىغا بېرىپ، بازىنىڭ نامراتلارنى يېتەكلەش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ چېچىبې يىنىك سانائەت باغچە رايونىدىكى خۇاگما توخۇسى سويۇش مەيدانى، ئاقتۇ ناھىيەسى دۆلەت ئىلكىدىكى سېلىنما تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە بېرىپ، باشلامچى كارخانىلارنىڭ كەسىپلەر تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى چوڭقۇر ئىگىلىدى. ئۇ يەنە بىرىنچى سەپتە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرىنى يوقلاپ، ئۇلاردىن ھال سوراپ، ئۇلارنى نىشاننى چىڭ كۆزلەپ، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، قانائەتلىنەرلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى. ئاقتۇ ناھىيەسىدە ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق نامرات ناھىيەلەرنى چېكىندۈرۈشنى مەخسۇس باھالاش، تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل باش تىزگىنلەش گۇرۇپپىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ پىكىر ئالماشتۇردى.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئەڭ ئاخىرقى كۈچەش پەيتىگە كەلدى، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، ئىرادە، چىدامچانلىقنى ساقلاپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتتە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشتۇرماي ياخشى تۇتۇش ئالدىنقى شەرتىدە، دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە مەركەزلەشتۈرۈپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭ، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ئېلېكترونلۇق قۇراشتۇرۇش، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق ئەمگەك كۈچى جۇغلاشقان كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى سىجىل ياخشى تۇتۇش ئاساسىدا، يەرلىكنىڭ بايلىقىغا تايىنىپ، خاس باغ ـ ئورمان، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە، چوڭقۇر پىششىقلاش قاتارلىق كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ساياھەتچىلىك، مۇلازىمەت كەسپى قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، نامرات ئاممىنى «ھەممە ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى بولۇش، ھەر كۈنى كىرىمى بولۇش» ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. باشلامچى كارخانىلارنىڭ يېتەكچىلىك، ئۈلگىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «باشلامچى كارخانا + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + نامرات ئائىلە» ئەندىزىسىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلارنى يېتەكلەش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاممىنى كەسىپلەر تەرەققىياتى بىلەن تەڭ قەدەمدە نەپكە ئېرىشتۈرۈش كېرەك. ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەت سەھنە ھازىرلاپ بېرىش، كارخانا ياكى ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئەڭ تۆۋەن چەككە كاپالەتلىك قىلىپ سېتىۋېلىش، مەركەزلىك تەقسىملەپ يەتكۈزۈش، نىشانلىق بىۋاستە تەمىنلەش چارىلىرىنى كېڭەيتىپ، كىچىك دېھقانلار ئائىلىسى بىلەن چوڭ بازارنى ئۈنۈملۈك ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى ھەقىقىي تۈردە نامرات ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرىدىغان «ھەميان»غا ئايلاندۇرۇش كېرەك. ۋىۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش، ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر تەنتەربىيە سارىيىدا شەھەر ئاھالىلىرى پەي توپ ئويناپ بەدەن چېنىقتۇرماقتا.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)